# يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ زور مۆجىزىسىنى يارىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېنخەي تاش ئابىدىسى يېنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە قايتا ئاتلىنىش چاقىرىقىنى چىقاردى، ھەمدە چېنخەيدىن چوڭقۇر ئۈمىد كۈتۈپ مۇنداق دېدى: «تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىجتىھات بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، يىلدا بىر يېڭى تۈس ھاسىل قىلىپ، بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە نۆلدىن باشلاپ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ياخشى رەسىمنى سىزىپ چىقىڭلار».

2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋالغان پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم چېنخەيگە كەلدى.

ئىلگىرىكى ساھىل ھاياتى كۈچكە تولغاندى: قەد كۆتۈرگەن 200دىن ئارتۇق ئېگىز بىنا ئۇپۇق سىزىقىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈپ تۇراتتى...

باش شۇجى شى جىنپىڭ چېنخەينىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە گۇۋاھچىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولى توغرا، چوقۇم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىمىز، بوشاشماسلىقىمىز، تېخىمۇ غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلىغان بۈگۈنكى چېنخەي مەردانە قەدەم بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

2013 ـ يىلدىن بۇيان، يېڭىدىن كۆپەيگەن رويخەتكە ئېلىنغان كارخانا جەمئىي 173 مىڭغا، كارخانىلارنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى كۆپىيىپ 228 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى، يىللىق باج كىرىمى 42 مىليارد 800 مىليون يۈەندىن ئاشتى، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىدىن جەمئىي 560 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئوڭۇشسىز ھالەتتىمۇ 21.4% ئاشتى... بۇ سانلار بۇ مۇنبەت زېمىننىڭ جانلىق ھاياتىي كۈچىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

چېنخەي دەل يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىدىكى بىر جانلىق كارتىنا.

بىر قېتىم شيامېنغا، ئىككى قېتىم شېنجېنغا، ئىككى قېتىم جۇخەيگە، ئۈچ قېتىم خەينەنگە... پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنى قاتارلىقلارنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئالاقىدار مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، كۆپ قېتىم ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە مۇھىم يوليورۇق ۋە تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىغا يول باشلىدى، يېتەكچىلىك قىلدى.

2018 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا گۇاڭدۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە زور ئۈمىدى سىڭگەنىدى.

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ قەلبىدە ئادەتتىن تاشقىرى سالماققا ئىگە.

تارىخنىڭ كامېراسىنى 40 يىلنىڭ ئالدىغا قايتۇرساق، ئەينى چاغدا جۇڭگو «قاياققا مېڭىش» كېرەك دېگەن تۆت كوچا ئېغىزىدا ئارىسالدى بولۇۋاتاتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭ پەردىسى ئېچىلدى.

1979 ـ يىلى، شى جۇڭشۈن قاتارلىق گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار مەركىزىي كومىتېتقا شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا قوشنا شېنجېن، جۇخەي ۋە مۇھىم چياۋمېنلار يۇرتى شەنتۇدا ئېكسپورت ـ پىششىقلاش رايونى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى بىلەن، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ، شيامېندىن ئىبارەت تۆت ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون جۇڭگودا رەسمىي دۇنياغا كەلدى. جۇڭگودىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بىر پارچە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن سىرتقا ئېچىۋېتىش يۈگمە رەسىمى يېيىلدى.

1988 ـ يىلى، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ــ خەينەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى تەسىس قىلىندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆركەشلىگەن باھار دولقۇنىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، يۈزمىليونلىغان خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ھاياتىي كۈچ تولۇق قويۇپ بېرىلدى، جۇڭگونىڭ قىياپىتى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىياپىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ قىياپىتى شۇنىڭدىن باشلاپ يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

«ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىدىكى ھاياتىي كۈچ مەنبەسى، پارتىيەمىز ۋە خەلقىمىز چوڭ قەدەم بىلەن دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى.» 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان سۆزى چوڭقۇر مەنىگە، يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە ئىدى.

شۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ شېنجېن لىيەنخۇاشەن باغچىسىغا كېلىپ، بىر تۈپ گاۋشەنرۇڭ تىكتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شېنجېن لىيەنخۇاشەن تېغى شېنجېنلىقلارنىڭ، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ «يۇقىرى پەللىسى»؛ 1992 ـ يىلى شېنجېنغا يەنە بىر قېتىم كەلگەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ يىراق بولمىغان جايدىكى شيەنخۇ ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىدا بىر تۈپ گاۋشەنرۇڭ تىككەنىدى.

ئىككى تۈپ گاۋشەنرۇڭ دەرىخى باھارنىڭ ھېكايىسىنى ئۇلاپ ئېيتماقتا، ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىيات مۆجىزىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ پۈتمەكتە.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېردە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي يېڭى مەزگىلىنى ئاچقانىدى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى بولسا دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېردە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن لايىھەلەپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېپيېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى.

336 تۈرلۈك مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرى ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ئاچتى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارمۇ يېڭى تەرەققىياتنى كۈتۈۋالدى، يېڭى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

...

يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇقى رايونى، شېنجېن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئالدىن يولغا قويۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنى ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ ۋە ئۇلارغا ئۆزى تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارغا يېڭى مۇھىم، زور بۇرچ يۈكلىدى. يېڭى دەۋردە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە قايتا ئاتلىنىشى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

«40 يىلدىن بۇيان، شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ، شيامېن، خەينەندىن ئىبارەت بەش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون بۇرچىنى ئادا قىلدى»، «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى»... باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار توغرىسىدىكى بۇ سۆزى خۇددى باھار يامغۇرىدەك ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ قايتا ئاتلىنىش قەدىمىنى تېخىمۇ قەتئىي، كۈچلۈك قىلدى.

## ئېقىمنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا سىجىل يېتەكچىلىك قىلىش

**ــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پىلانلىشى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ جانلىق تەسۋىرى بولۇپ قالدى**

بىر بۆلەك شېنجېن تارىخى، بىر بۆلەك ئالاھىدە رايون تارىخى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۈزمىليونلىغان خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئاچقانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئېنىق ئىسپاتى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار باشتىن ـ ئاخىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ جانلىق تەسۋىرى بولۇپ قالدى.

باشتىن ـ ئاخىر ئىسلاھات روھىغا ئەمەل قىلىش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى ــ

2018 ـ يىلى، يەنە بىر قېتىم شېنجېنغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، مەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان تۇنجى بېكەت شېنجېن بولدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى پەيتىدە بۇ يەرگە يەنە كېلىشىمدىكى مەقسەت دۇنياغا جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى جاكارلاش، جۇڭگودا جەزمەن دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان يېڭى تېخىمۇ زور مۆجىزىلەر بارلىققا كېلىدۇ».

سىجىل ئېچىۋېتىش داۋامىدا دۇنياغا نەزەر سېلىش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ئاچقۇچ ــ

2015 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئامېرىكا سېئاتىل، بوئىن شىركىتىنىڭ سودا ئايروپىلانى ياساش زاۋۇتى.

ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلىدى.

«30 يىل ئىلگىرى، مەن شيامېن شەھىرىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا، شيامېن ئاۋىياتسىيە شىركىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولغان، ئۇنى تەشكىللەپ قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى بەرپا قىلىنىش باسقۇچىغا قاتناشقانىدىم. دەسلەپكى بەرپا قىلىنىش باسقۇچىدىكى شيامېن ئاۋىياتسىيە شىركىتى، شيامېن ئايرودۇرۇمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلقئارا قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلغان، ئەينى چاغدا پەقەت بىرنەچچە ئايروپىلانلا بار ئىدى...»

شيامېن ئاۋىياتسىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى جۇڭگو پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى دەسلەپكى سىناق. بۈگۈنكى كۈندە، شيامېن ئاۋىياتسىيەسى ئايروپىلان ئەترىتىنىڭ كۆلىمى 200دىن ئېشىپ، ئومۇمىي مۈلكى 50 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، جۇڭگو پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسىدىكى بىردىنبىر ئۇدا 33 يىل پايدا ئالغان ئاۋىياتسىيە شىركىتى، دۇنياغا يۈزلەنگەن شيامېننىڭ يېڭى نام كارتىسى بولۇپ قالدى.

«بۈگۈنكى كۈندە، دېڭىز شامىلى، دېڭىز دولقۇنى بۇرۇنقىدەك تۇرغىنى بىلەن، لېكىن شيامېننىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى.» 2017 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شيامېندا كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى سودا ـ سانائەت مۇنبىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم نۇتۇق سۆزلەپ، پۈتۈن دۇنياغا بۇ ئېچىۋېتىلگەن شەھەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «خۇددى ‹شيامېن تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، دولقۇن يېرىپ كەلگەنلەرنى قوينىغا ئالىدۇ› دېگەنىدەك شيامېن قەدىمدىن تارتىپ ئاۋات سودا پورتى، شۇنداقلا ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش دەرۋازىسى بولغان».

ئېچىۋېتىش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلاردا ئەزەلدىن بار بولغان ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى تېز بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى. تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتتى.

قەتئىي بوشاشماي يېڭىلىق يارىتىشنى كۆزلەش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەسى ــ

«ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىز ۋە ئەمەلىي كۈچىمىزنى ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن تېزدىن كۈچەيتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلارنىڭ مۇستەقىل كونتروللۇقىمىزدا بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.» 2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ گېلى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، كارخانىنى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا مەھكەم ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

2018 ـ يىلدىكى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق كۆرسەتتى: «بۇ يىللاردا، شېنجېننىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلىرى تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر بايرىقىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك».

شېنجېننى ئاساسىي بازا قىلىپ ئۇنىۋېرسال دۆلەتلىك ئىلىم ـ پەن مەركىزى قۇرۇلۇپ، شېنجېننىڭ 5G قۇرۇلۇشى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، تور بوشلۇقى ئىلمى ۋە تېخنىكىسى، ھاياتلىق ئۇچۇرى ۋە بىيو تېببىي دورا تەجرىبىخانىسى قاتارلىق مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش ۋاستىلىرىگە مەدەت بېرىلدى، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلدى...

تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شېنجېننىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئالدىن يولغا قويۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى قوللاش توغرىسىدىكى پىكرى»دە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شېنجېننىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكى بەرپا قىلىشىغىمۇ يۆنىلىش ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.

خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى ــ

خەينەن سەنيا يالۇڭۋەن قولتۇقى بويىدىكى بوخوۋ كەنتىدە، تاغ ـ دېڭىز ئوراپ تۇرغان بىر گۈزەل گۈل دېڭىزى بار، بۇ يەردە ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

2013 ـ يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، كارخانىچىلار ۋە دېھقانلار بىلەن تەرەققىيات، كىرىمنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، «ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكتە، مۇھىمى يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك» دەپ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن تاپىلىغانىدى.

بۈگۈنكى بوخوۋ كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 24 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇ جاي خەينەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىدا ئېكولوگىيەنىڭ گۈزەللەشكەنلىكى، كەسىپلەرنىڭ گۈللەنگەنلىكى، پۇقرالارنىڭ بېيىغانلىقىنىڭ كارتىنىسى بولۇپ قالدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا، خەلقنى تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىش كېرەك، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارمۇ جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتىدە تېخىمۇ زور شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ.

## كېيىنكى 40 يىلغا قەدەم قويۇش

**ــ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈردى**

يۆنىلىش يولنى بەلگىلەيدۇ، يول تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ.

2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10، جۇخەي پورتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكىدە رەسمىي قاتناش باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

«چوڭ كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلانغانلىقى بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچىمىز، نەزەرىيە ئىشەنچىمىز، تۈزۈم ئىشەنچىمىز، مەدەنىيەت ئىشەنچىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتىتى، سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى، يېڭى دەۋرنىڭمۇ ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى!»

بۈگۈنكى ئالاھىدە رايونلار، بۈگۈنكى جۇڭگو جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، ئىستىقبالى چەكسىز.

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم كۆزنەك بولۇش كېرەك».

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى سىناق سۈپىسى بولۇش كېرەك».

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى يول ئاچقۇچىلاردىن بولۇش كېرەك».

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەردىن بولۇش كېرەك».

2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەينەننىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بەلگىلەپ بەردى.

كېيىنكى 40 يىلغا قەدەم قويغاندا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ــ

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىسلاھ قىلىش! ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، تارىخىي مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، داۋاملىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىدە ياخشى «ئاۋانگارت»لاردىن بولۇشى كېرەك.

«تۈزۈمنى توپلاشتۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، بىر تۈر پىشىپ يېتىلسە بىر تۈرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك» دەپ سەممىي تاپىلىدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

كېيىنكى 40 يىلغا قەدەم قويغاندا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار داۋاملىق يېڭى مۇساپىدە باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، تاغقا يولۇققاندا يول ئېچىپ، سۇغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سېلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ــ

2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنۇلارنى ئېنىق تەلەپ قىلدى: جۇخەي، شەنتۇدىن ئىبارەت ئىككى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شەنتۇ، جەنجياڭنى مۇھىم تەرەققىيات قۇتۇپى قىلىپ، زامانىۋىلاشقان دېڭىز بويى ئىقتىساد بەلبېغى بەرپا قىلىش كېرەك.

كېيىنكى 40 يىلغا قەدەم قويغاندا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار «يول ئاچقۇچى، ئەمەلىي ئىشلىگۈچى»لىك كۈرەش ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەمەلىيىتىدە ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدۇ ــ

2000 كۋادرات كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان جايدا، 20 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار، «ئېگىز ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋاتقان» شېنجېن دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ شەھەرلەرنى تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاشتىكى ئۈلگە قىلغىلى، كېڭەيتكىلى بولىدىغان قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر مەيدان كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتۇر، بىز كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تايىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يەتكۈزۈپ يۈگۈرۈشىمىز كېرەك، ھەربىر ئەۋلاد كىشىلەر كېيىنكى ئەۋلاد كىشىلەرگە ياخشى نەتىجە قالدۇرۇشى كېرەك».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا چىقارغان چاقىرىقىنىڭ ۋەزنى زور، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ سەپەرنى يەنە باشلايدۇ...

**(مۇخبىرلار شۇ جىنپىڭ، جاڭ شۈدۈڭ، خەن جېي، بي چيەن، ئەن بېي) (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنجېن، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسغا ئاساسلانغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)